# خەلقئارا مۇناسىۋەتلەر نەزەرىيەسى

## THEORIES OF INTERNATIONAL RELATIONS



مەۋلان تەڭرىقۇت

Grafiker YAYINLARI

خەلقئارا مۇناسىۋەتلەر نەزەرىيەسى

مەۋلان تەڭرىقۇت

Grafiker YAYINLARI



## مىلوس دىئالوگى

**ئافىنالىق گېنېرال:** ئەلمىساقتىن بېرى توغرا - خاتا مەسىلىسى پەقەت كۈچ جەھەتتىن بىر - بىرىگە تەڭ دۆلەتلەر ئارىسىدىكى بىر تېما بولۇپ كەلگەندۇر. ئىككى دۆلەتنىڭ كۈچى ئوخشاش بولمىغان ئەھۋالدا كۈچلۈكلەر نېمىنى خالىسا شۇنى قىلىدۇ، ئاجىزلار بولسا قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولغانلىرىنى قوبۇل قىلىدۇ، مانا بۇ رېئاللىق.

**مىلوس ۋەكىلى:** بۇنىڭ سىلەرگە پايدىسى بولىدىغانلىقى ئېنىق، لېكىن بىز سىلەرگە بويسۇنۇپ قۇللۇقلار بولۇش ئارقىلىق نېمىگە ئېرىشىمىز؟

**ئافىنالىق گېنېرال:** ئۆلمەي هايات قالىسىلەر. .

**مىلوس ۋەكىلى:** بىز هازىر سىلەرگە تەسلىم بولساق ھەممە ئۈمىدىمىز يوققا چىقىشى مۇمكىن. لېكىن، بىز سىلەر بىلەن ئۇرۇشساق يەنىلا ئۈمىد بار دېگەن گەپ.

**ئافىنالىق گېنېرال:** ئۈمىد؟! ئۈمىد دېگەن خەۋپ - خەتەر ئىچىدە قالغاندا كىشىنى راھەتلەندۈرىدىغان بىر تۇيغۇ. ئۈمىدكە ئىشەنگىنىڭلاردىن باشقا نەرسىگە ئىشەنسەڭلار ياخشىراق. پەقەت ئۈمىدلا قىلىش ھېچنەرسىنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ. قۇرۇق ئۈمىدىڭلار سىلەرنى بالايى - ئاپەتكە باشلاپ كىرىدۇ.

**مىلوس ۋەكىلى:** بىزنىڭ سىلەرنىڭ كۈچ-قۇدرەتلىرىڭلار ۋە بايلىقلىرىڭلارغا قارشى تۇرۇشىمىز ھەقىقەتەن قىيىن. لېكىن، بىز تەڭرىلەرنىڭ بىزگىمۇ كۈچ ئاتا قىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز، چۈنكى بىز سىلەرنىڭ رەزىللىكلىرىڭلەرگە قارشى ئادالەت ۋە توغرا بولغان تەرەپتە تۇرۇۋاتىمىز. بىز كونا ئىتتىپاقدىشىمىز ئىسپارتالىقلارنىڭ شان - شەرەپ ئۈچۈن بىزگە ياردەمگە كېلىدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز.

**ئافىنالىق گېنېرال:** تەڭرىلەر سىلەر تەرەپتە تۇرامدۇ؟ تەڭرىلەر نېمە ئۈچۈن سىلەرنى بىزدىن بەكرەك ياخشى كۆرگۈدەك؟! تەبىئەتنىڭ قانۇنى شۇكى، كۈچلۈك بولغان ھەر دائىم ئەۋزەل ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇ قانۇننى بىز تۈزمىدۇق، بەلكى مۇشۇنداق ئىكەنلىكىنى بايقىدۇق. ئىسپارتالىقلار ئۆزلىرىنىڭ ئىشىغا كەلگەندە شەرەپلىك، قەھرىمان ۋە جەسۇر كىشىلەردۇر. لېكىن، باشقىلارنىڭ ئىشىغا كەلگەندە ئۇلار ئۆزىنىڭ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن بولسا شان - شەرەپنى مۇھىم دەپ بىلىدۇ. ئۇلار سىلەرگە ياردەم قىلمايدۇ.

**مىلوس ۋەكىلى:** ياق، ئۇلار بىزنىڭ ئۇزۇن يىللىق ئىشەنچلىك ئىتتىپاقدىشىمىز، دەل مۇشۇنىڭ ئۈچۈن بىزگە ياردەم قىلىدۇ. ئۇلار بىزگە ئاسىيلىق قىلمايدۇ.

**ئافىنالىق گېنېرال:** سەن تېخىچە چۈشەنمەيۋاتىسەن. ئىسپارتالىقلار ئۆزىنى خەتەرگە ئىتتىرىپ ئادالەت ۋە شان - شەرەپ ئۈچۈن سىلەرگە ياردەم قىلمايدۇ. سەن خەلقىڭگە ئۈمىدتىن باشقا نەرسىنى بېرەلمەيسەن. ساڭا ئوخشاش كىشىلەر ئۆزى دۈچ كېلىدىغان پۈتۈن تەھدىتلەرنى بىلىپ تۇرىدۇ، شۇنداقتىمۇ شەرەپ، ئادالەت دېگەندەك سۆزلەرنىڭ ئاياقلىرىغا باش قويىدۇ ۋە بۇنىڭ بىلەن ئۆلۈمنى مۇقەررەرلەشتۈرىدۇ. دۇنيادا ئۆزىنىڭ دۆتلۈكى بىلەن كەلتۈرۈپ چىقارغان ئېچىنىشلىق تراگېدىيە ۋە ھالاكەتتىنمۇ بەكرەك شەرەپسىزلىك بولامدۇ؟!. سېنىڭ پەقەت بىرلا ۋەتىنىڭ بار، لېكىن ئۇ بىر قارار بىلەن يا تىرىك قالىدۇ، ياكى ۋەيران بولىدۇ...

9 786256 444430

مەۋلان تەڭرىقۇت

# خەلقئارا مۇناسىۋەتلەر نەزەرىيەسى

# خەلقئارا مۇناسىۋەتلەر نەزەرىيەسى

## Uluslararası İlişkiler Teorileri


| | |
|---|---|
| Yazar | يازغۇچى |
| **Mevlan Tanrikut** | **مەۋلان تەڭرىقۇت** |
| Redaktör | تەھرىرى |
| **A. Tokkuzoğuz** | **ئە. توققۇزئوغۇز** |
| Sayfa Tasarım | بەتكە تىزغۇچى |
| **Bektur** | **بەكتۇر** |
| Kapak Tasarım | مۇقاۋا لايىھەلىگۈچى |
| **Ahmet Buğra** | **ئەھمەت بۇغرا** |
| Yayıncı | نەشر قىلغۇچى |
| **Grafiker Yayınları** | **Grafiker نەشرىياتى** |
| Baskı | بېسىلىشى |
| **1. Baskı, Aralık / 2024** | **2024-يىلى، دېكابىر، 1-نەشرى** |

**ISBN: 978-625-6444-43-0**

Yayın No: 505
web: www.grafikeryayin.com

**Baskı** باسقۇچى

Grafik-Ofset Matbaacılık Reklamcılık
Sanayi ve Ticaret Ltd. Şti.

Oğuzlar Mahallesi, 1396. Cadde No: 6/A 06520, Balgat-ANKARA

| | |
|---|---|
| Tel | : 0312.284 16 39 Pbx |
| Faks | : 0312. 284 37 27 |
| E-mail | : grafiker@grafiker.com.tr |
| web | : grafiker.com.tr |



Kitabın hukuksal ve bilimsel sorumluluğu yazarına aittir.

# مۇندەرىجە


**تەرجىمھال ........ I**

**تەشەككۈرنامە ........ III**

**سۆز بېشى ........ V**

**خەلقئارا مۇناسىۋەتلەر نەزەرىيەسى ساھەسىدىكى ئاساسلىق مۇنازىرىلەر........ 1**

1. ئىدېئالىزم بىلەن رېئالىزمنىڭ مۇنازىرىسى ........ 2
2. ئەنئەنىچىلەر ۋە ئىلمىيلىكچىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇنازىرە ........ 4
3. نېئو-رېئالىزم، نېئو-لىبېرالىزم ۋە ماركسىزم مۇنازىرىسى ........ 5
4. پوزىتىۋىزم ۋە پوست-پوزىتىۋىزم مۇنازىرىسى ........ 6
5. ھەرخىل خەلقئارا مۇناسىۋەتلەر نەزەرىيەلىرىگە قانداق باھا بېرىش لازىم؟ ........ 9

**بىرىنچى باب: رېئالىزم ........ 11**

1. رېئالىزمنىڭ پەلسەپەۋى يىلتىزى........ 14
   1.1 تۇسىدىدېس ۋە ماكىئاۋېللى ........ 14
   1.2 مىلوس دىيالوگى ........ 14
   1.3 دىنىي چۈشەنچە ۋە تەبىئەت ھالىتى ........ 18
   1.4 توماس ھوبىس ........ 20
2. رېئالىستىك خەلقئارا مۇناسىۋەت نەزەرىيەسىنىڭ ئاساسلىق ئۇقۇملىرى........ 23
   2.1 دۆلەت ئەقىل بىلەن ھەرىكەت قىلىدىغان راتسىئونال ئاكتىيوردۇر........ 24
   2.2 ئەسكىرىي كۈچ ........ 25
   2.3 ئانارخىك خەلقئارا مۇھىتتا مەۋجۇتلۇقنى ساقلاشنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك يولى- ئۆز غېمىنى ئۆزى يېيىش ۋە نىسپىي كۈچىنى ئاشۇرۇش........ 27
   2.4 كۈچلەر تەڭپۇڭلۇقى ........ 29
3. كلاسسىك رېئالىزم ........ 32
   3.1 توغرىنى بىلگەن تەقدىردىمۇ قىلىشقا جۈرئەت قىلالماسلىق - تۇتقۇننىڭ ئىككىلىنىشى ۋە مېكيان ئويۇنى........ 38
   3.2 كلاسسىك رېئالىزم ھەققىدە ئوبيېكتىپ باھا ........ 45
4. نېئو-رېئالىزم ........ 46
   4.1 ھۆكۈمەتسىزلىك ........ 52
5. ھۇجۇمچى رېئالىزم ........ 59
   5.1 خەلقئارا سىستېمىنىڭ بەلگىلىگۈچىلىرى ........ 61

5.2 يادرو قوراللار ۋە ئۇرۇش.................................................. 65
6. نېئو-كلاسسىك رېئالىزم .................................................. 66
7. رېئالىزم نەزەرىيەسىگە قانداق باھا بېرىش لازىم؟ .................................................. 73
**ئىككىنچى باب: لىبېرالىزم.................................................. 77**
1. دېموكراتىيە - تىنچلىق نەزەرىيەسى ۋە تارىخى ئارقا كۆرۈنىشى.................................................. 82
2. دۇنياۋى تىنچلىقنىڭ پاراۋۇزى - گلوبال ئەركىن سودا .................................................. 91
3. نېئو-لىبېرالىزم ۋە ئۆزئارا ئىقتىسادى تايىنىشچىلىق .................................................. 93
4. كىشىلىك ھوقۇق .................................................. 97
5. دۇنياۋى ئىقتىسادتا دۆلەتنىڭ رولى، تېررور ۋە ۋابا .................................................. 104
6. لىبېرالىزم ۋە يەر شارىلىشىش .................................................. 106
7. ئادام سىمىت ۋە دېيۋىد رىكاردولارنىڭ ئەركىن سودا تەشەببۇسى ۋە تەنقىدلەر..108
8. ئىگىلىك ھوقۇق، چەتئەل مەبلىغى ۋە ئادالەت.................................................. 113
9 - تېررورىزم ۋە ئۇلۇس دۆلەتنىڭ قايتىپ كېلىشى .................................................. 119
**ئۈچىنچى باب: ئىنگلىز ئېقىمى.................................................. 127**
1. ھۆكۈمەتسىزلىك ئىچىدە تەرتىپ .................................................. 136
2. خەلقئارا مۇناسىۋەتتە تەرتىپ ۋە ئادالەت .................................................. 139
3. خەلقئارا مۇناسىۋەت ساھەسىدىكى تەرققىيات .................................................. 149
**تۆتىنچى باب: ماركسىزم نەزەرىيەلىرى.................................................. 153**
1. تارىخىي ماتېرىيالىزم.................................................. 159
2. كلاسسىك ئىمپېرىيالىزم نەزەرىيەسى .................................................. 163
3. تايىنىشچانلىق نەزەرىيەسى ۋە دۇنيا سىستېمىسى نەزەرىيەسى.................................................. 165
4. كاپىتالىزم ۋە ئۇلۇس دۆلەت .................................................. 172
**بەشىنچى باب: بەرپاچىلىق نەزەرىيەسى .................................................. 177**
1. بەرپاچىلىق نەزەرىيەسىنىڭ تارىخىي يىلتىزى .................................................. 182
2. بەرپاچى خەلقئارا مۇناسىۋەت نەزەرىيەسىنىڭ پرىنسىپلىرى.................................................. 183
3. بەرپاچىلىق نەزەرىيەسىگە تەنقىدلەر .................................................. 187
**ئالتىنچى باب: فېمىنىزم.................................................. 191**
1. فېمىنىزم ۋە خەلقئارا بىخەتەرلىك .................................................. 195
**يەتتىنچى باب: پوست-قۇرۇلمىچىلىق.................................................. 199**
1. ئاكتىيور، قۇرۇلما، سىستېما.................................................. 200

2. خەلقئارا مۇناسىۋەتتە بىلىم ۋە كۈچ مۇناسىۋىتى ........................ 202
3. شەجەرىچىلىك ئىلمى ........................................................ 205
4. ھېرمېنوتىكا ................................................................. 209
5. «تېكىست» كە تايانغان چۈشىنىش ئىستراتېگىيەسى ........................ 211
6. خەلقئارا مۇناسىۋەتتە پوست-قۇرۇلمىچى مېتودلار ........................ 212

**سەككىزىنچى باب: پوست-كولونىيالىزم ........................................ 217**

1. ئېدۋارد سەئىدنىڭ قارىشىدا شەرق ۋە ئورىيانتالىزم (شەرقشۇناسلىق).............. 219
2. پوست- كولونىيال نەزەرىيەنىڭ تەرەققىياتى ................................ 223
3. خەلقئارا مۇناسىۋەتلەردە پوست-كولونىيال نەزەرىيە ........................ 228

**توققۇزىنچى باب: نورماتىپ نەزەرىيە (ھەقىقەت نەزەرىيەسى)........................ 233**

1. خەلقئارا مۇناسىۋەتلەردە نورماتىپ نەزەرىيە..................................... 238
2. ئىنسانىيەتنىڭ مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىش يولىدا ئىزدىنىش ........................ 244


**ئونىنچى باب: ئىدېئولوگىيە ۋە قىممەت قاراش vs دۆلەت مەنپەئەتى ........................ 249**

**ئون بىرىنچى باب: غەرب مەركەزلىك بولمىغان خەلقئارا مۇناسىۋەت نەزەرىيەلىرى ........................ 265**

**ئىسلام ۋە خىتاي خەلقئارا مۇناسىۋەت نەزەرىيەلىرى ........................ 265**


1. خىتاي خەلقئارا مۇناسىۋەتلەر نەزەرىيەسى........................................ 269
2. ئىسلامىي خەلقئارا مۇناسىۋەتلەر نەزەرىيەسى ........................................ 274
2.1 دارۇل ھارب ۋە دارۇل ئىسلام ........................................ 275
2.2 غەرب ۋە ئىسلام خەلقئارا مۇناسىۋەت مودېلى ۋە بىلىم مېتودىنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى ........................................ 2 7 8
2.3 ئىسلامىي خەلقئارا مۇناسىۋەت نەزەرىيەسى ئېقىملىرى ........................ 282
2.3 رادىكاللار ياكى ئەنئەنىچىلەر ئېقىمى........................................ 284
2.4 مودېرنىست ياكى خەلقئارالىشىش ئېقىمى ........................ 290
خۇلاسە........................................................................ 296

**پايدىلانغان ماتېرىياللار ........................................................ 307**



# تەرجىمىھال

دوكتور مەۋلان تەڭرىقۇت قەشقەر ۋىلايىتى تۇمشۇق يېزىسىدا تۇغۇلغان. باشلانغۇچ، تولۇقسىز ئوتتۇرا ۋە تولۇق ئوتتۇرىنى تۇمشۇقتا ئۇيغۇر تىلىدا ئوقۇغان. ئۈنىۋېرسىتېتنى شەرقىي شىمال پېداگوگىكا ئۈنىۋېرسىتېتى (جىلىن، چاڭچۈن) تارىخ بۆلۈمىدە دۇنيا تارىخى كەسپىدە ئوقۇغان. باكالاۋۇرلۇق ئوقۇشىنى پۈتتۈرۈپلا تۈركىيەدە ئىستانبۇل ئۈنىۋېرسىتېتى ئومۇمىي تۈرك تارىخى بۆلۈمىدە ماگىستىر ئاسپىرانتلىق ئوقۇشىنى باشلىغان. ماگىستىرلىقنى تۈگەتكەن ئەينى يىلى ئىبنى خالدۇن ئۈنىۋېرسىتېتى مەدەنىيەتلەر ئىتتىپاقى ئىنستىتۇتى سىياسەت ۋە خەلقئارا مۇناسىۋەتلەر بۆلۈمىدە دوكتور ئاسپىرانتلىق ئوقۇشىنى باشلىغان. 2023 - يىلى دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيەسىنى خىتاي سىياسەت پەلسەپەسى بولغان قانۇنچىلىق (法家) ئېقىمى بىلەن يېڭى دۇنيا تەرتىپى ئاساسى مەزمۇن قىلىنغان «يېڭى ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر دەۋرى: خىتايدا قانۇنچىلىق ئېقىمىنىڭ قايتىدىن باش كۆتۈرۈشى» تېمىدا ياقلىغان. دوكتورلۇق ئۇنۋانىنى ئالغاندىن كېيىن 2023 - يىلى سېنتەبىردىن باشلاپ ئەنگلىيەدە شېففىلد ھاللام ئۈنىۋېرسىتېتىدا خىتاي تەتقىقاتى (China Studies) ساھەسىدە تەتقىقاتچى بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ. تەتقىقات ساھەسى: خىتاي سىياسەت پەلسەپەسى، غەرب سىياسەت پەلسەپەسى، خەلقئارا مۇناسىۋەتلەر نەزەرىيەسى، خىتاي تارىخى ۋە ئۇيغۇر تارىخى.



# تەشەككۇرنامە

بۇ كىتابنى يېزىشىمغا ئۈچ سەۋەب تۈرتكە بولدى: 1) سىياسەت پەلسەپەسى ۋە خەلقئارا مۇناسىۋەت نەزەرىيەسىگە بولغان كۈچلۈك قىزىقىشىم 2) خەلقئارا مۇناسىۋەت نەزەرىيەسى ساھەسىدە ئۇيغۇرچە كىتابنىڭ بولماسلىقى، 3) ئارىمىزدا خەلقئارا مۇناسىۋەت مەسىلىلىرىنىڭ بۇ ئىلىمنىڭ ئۇقۇملىرى، نەزەرىيەلىرى ۋە مېتودلىرىنى بىلمىگەن ھالدا مۇناسىۋەتسىز ساھەلەر ھەتتا مۇناسىۋەتسىز كىشىلەر تەرىپىدىن ئانالىز قىلىنىشقا جۈرئەت قىلىنىشى ۋە شۇ ۋەجىدىن خەلقئارا مۇناسىۋەت مەسىلىلىرىنىڭ ھەركىم ھەر نېمە دەپ باقسا بولىدىغان نەرسىگە ئايلىنىپ قېلىشى. بۇ سەۋەبلەر تۈپەيلى بۇ ساھەدە ئوقۇغان بىرى بولۇش سۈپىتىم بىلەن قۇربىمنىڭ يېتىشىچە ئۇيغۇرچە خەلقئارا مۇناسىۋەت نەزەرىيەسى كىتابى يېزىشقا تىرىشتىم. كىرىش سۆز قىسمىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەنىدەك بۇ ساھەنىڭ قۇرغۇچىلىرى بولغان بۈيۈك شەخسلەرنىڭ نەزەرىيە ۋە كۆز قاراشلىرىغا سادىق قالغان ئاساستا ئۇلارنى ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇش ۋە مۇستەقىل ئىزدىنىش جەريانىدا ئىگە بولغان چۈشەنچىلىرىم بىلەن بىرلەشتۈردۈم.

كىتاب يېزىش ئۈچۈن پەقەت ئاپتورنىڭ يېزىش ئىرادىسى ۋە دىت - قابىلىيىتىلا يېتەرلىك بولمايدۇ، ئەلبەتتە. بۇنىڭغا ئىمكانىيەت ۋە شەرت شارائىت يارىتىلىشى كېرەك. بۇ جەھەتتە مېنىڭ پۈتۈن ئاكادېمىك تەتقىقاتىمنى قوللاپ كېلىۋاتقان ۋە ئائىلەمنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ كېلىۋاتقان ئايالىمغا شۇنداقلا يېشى كىچىك بولسىمۇ تەتقىقاتىمنى ئويۇنلىرىدىن مۇھىم دەپ بىلىدىغان باللىرىمغا ئالاھىدە تەشەككۈر ئېيتىمەن. بۇنىڭدىن باشقا، كىتاب يېزىلىشقا باشلىغاندىن باشلاپ كىتابنىڭ تۈزۈلۈشى، ئېچىدىكى مەزمۇنى ھەققىدە قىممەتلىك پىكىرلىرىنى بەرگەن، بۇ ھەقتە ماتېرىيال تەمىنلەپ بەرگەن شۇنداقلا ئۇيغۇر تىلىدىكى خەلقئارا مۇناسىۋەت نەزەرىيەلىرى كىتابىنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشىنىڭ مۇھىملىقى ھەققىدە مېنى رىغبەتلەندۈرۈپ تۇرغان ھۆرمەتكە سازاۋەر ئوقۇتقۇچىلىرىمغا كۆپتىن كۆپ رەھمەت ئېيتىمەن.

كىتابنىڭ تەھرىرلىك، باھالاش، تەنقىدى پىكىر بېرىش قاتارلىق تەرەپلەردىن قىممەتلىك پىكىرنى ۋە ۋاقتىنى ئايىمىغان ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتى ئومۇمىي تۈرك تارىخى بۆلۈمى دوكتورانتى، ئۆزۈن يىللىق دوستۇم ئەلى ھېكىمگە چوڭقۇر رەھمەت ئېيتىمەن. گەرچە ئۇنىۋېرسىتېتقىچە ئۇيغۇرچە مەكتەپتە ئوقۇغان شۇنداقلا ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئۇيغۇرچە ئوقۇش ۋە يېزىشنى داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان بىرى بولسامۇ، كەسپىي ئۆزۈن مەزگىل ھەرخىل تىللاردا ئوقۇش، چەتئەلدە ياشاش سەۋەبىدىن ئاكادېمىك ئۇيغۇرچە سەۋىيەمنىڭ بىر ئاز چېكىنگەنلىكى ئايان بولدى. بۇ جەھەتتە كىتابنىڭ تىلى، جۈملىلەرنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە مەزمۇننىڭ ئىپادىلىنىشى قاتارلىق نۇرغۇن جەھەتلەردە دوكتورانت ئەلى ئىنتايىن كۆپ كۈچ چىقاردى. كىتاب ئورگىنالى باشقىلار تەرىپىدىن بېرىلگەن ئىجابى ۋە تەنقىدى پىكىرلەرگە

ئاساسەن كەمدە بەش قېتىم باشتىن ئاخىرى قاراپ چىقىلدى، يېڭى مەزمۇنلار قوشۇلدى ياكى چىقىرىۋېتىلدى. پۈتۈن جەرياندا ئەلى ئەپەندى ناھايىتى ئەستايىدىللىق ۋە تەلەپچانلىق بىلەن ھەتتا ئۆزىنىڭ مۇھىم ئىشلىرىنى كەينىگە سۈرۈپ تۇرۇپ قايتا - قايتا قاراپ چىقتى. بۇنىڭدىن سىرت كىتابنىڭ تۈزۈلۈشى، بەت لاھىيە رامكىسى، دىزىن قاتارلىق جەھەتلەردە قىممەتلىك پىكىرلەر بىلەن تەمىنلىدى. بۇ ۋەجىدىن دوكتورانت ئەلى ھېكىمگە ئالاھىدە رەھمىتىمنى بىلدۈرىمەن. يەنە كىتابنىڭ مەزمۇنى ۋە تۈزۈلۈشىگە قارىتا ھەم ئىجابى ھەم تەنقىدى پىكىرلىرىنى تەقدىم قىلغان يەتتە تۆپە ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخ بۆلۈمى دوكتورانتى دوستۇم نۇرىددىن ئىزباسارغا چوڭقۇر تەشەككۈر ئېيتىمەن. بۇنىڭدىن باشقا مېنى ھەر جەھەتتىن قوللاپ ۋە رىغبەتلەندۈرۈپ كېلىۋاتقان ھەر مىللەت ۋە دۆلەتتىن كەلگەن دوستلىرىمغا ۋە كەسپداشلىرىمغا رەھمىتىمنى بىلدۈرىمەن.

ئىشىنىمەنكى، ۋەتەندە بولغان بولسام ياكى ۋەتەن بىلەن نورمال ئالاقىمىز بولغان بولسا نۇرغۇنلىغان ئۇستازلىرىم، دوستلىرىم ۋە كەسپداشلىرىمنىڭ قىممەتلىك پىكىرلىرىنى ئاللىغان ۋە تەشەككۈرلىرىمنى بىلدۈرەلىگەن بولاتتىم. شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ھەم ئىجابى ۋە تەنقىدى پىكىرلىرى ۋە ئالقىشلىرىنى ئالغان بولاتتىم. جەزمەن بىرلىرى ناھايىتى سۆيۈنگەن بولاتتى. بىخەتەرلىكى ئۈچۈن ئىسىملىرىنى تىلغا ئېلىشتىن ۋاز كەچكەن شۇ كىشىلەرگە ئەڭ چوڭ رەھمىتىمنى بىلدۈرىمەن ۋە كىتابىمنى (گەرچە ئۇلارنىڭ ھۆرمىتىگە لايىق بولمىسىمۇ) ئۇلارغا بېغىشلايمەن.

# سۆز بېشى

يۈز يىللاپ ئاسارەت ئاستىدا ياشاش ئۇيغۇرلارنىڭ مىڭ يىلدىن ئارتۇق داۋام قىلغان دۆلەتچىلىك ئەنئەنىسى ۋە تاشقى سىياسەت مەدەنىيىتىنى يوق قىلدى. ئۇيغۇرلار بۇ جەرياندا ھەتتا ئابا - ئەجدادلىرىنىڭ سىياسىي، مەدەنىي ۋە ئىلمىي مىراسلىرىنى تەتقىق قىلىش پۇرسىتىگىمۇ نائىل بولالمىدى ياكى بۇنداق پۇرسەت بېرىلمىدى. ھازىرقى خەلقئارا سىستېمىنىڭ دەسلەپكى رامكىسى قۇرۇلغان ۋە دۆلەتلەرئارا مۇناسىۋەت ھەم ئەمەلىيەت ھەم تەتقىقات جەھەتتە يېڭى بىر باسقۇچقا كىرگەن 1648 - يىلى شەرقىي تۈركىستاندىكى تۈرك دۆلەتچىلىك ئەنئەنىسى ئاخىرقى نەپەسلىرىنى ئېلىۋاتاتتى ۋە 1680 - يىلى ئەتراپىدا سەئىدىيە دۆلىتى مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن بۇ ئەنئەنىنى ياشارتىش نېسىپ بولمىدى، ئەكسىچە پۈتۈنلەي يوقىلىش بىلەن يەكۈن تاپتى.

بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى (1914 – 1918) ئۆز دەۋرىنىڭ بۈيۈك ئىمپېرىيەلىرىنى تارىخنىڭ قاراڭغۇ بەتلىرىگە كۆمۈپ تاشلاپ، دۇنيا مىقياسىدا ئۇلۇس دۆلەتلەرنىڭ شەكىللىنىشىگە يول ئاچتى ۋە ئۇلۇس دۆلەتلەر دەۋرىدە دۆلەتلەرئارا مۇناسىۋەت ئوخشىمايدىغان شەكىلدە تەرەققىي قىلىشقا باشلىدى. بۇنىڭغا پاراللېل ھالدا سىياسەت ئىلمىمۇ نۇرغۇنلىغان ئۆزگىرىشلەرنى باشتىن كەچۈردى. خەلقئارا مۇناسىۋەت ئىلمى قەدىمدىن مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن سىياسەت ۋە دىپلوماتىيەدىن ئايرىلىپ چىقىپ، نۆۋەتتىكى ھالدا دۆلەتلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ نېمىگە ئاساسەن شەكىللىنىدىغانلىقى ۋە قانداق مېخانىزم ئاستىدا يۈرگۈزۈلىدىغانلىقىغا مەركەزلەشتى. كىتابىمىزنىڭ كېيىنكى بەتلىرىدە تىلغا ئېلىنغاندەك، بۇ ئىلىم دۆلەتلەرئارا مۇناسىۋەتنى (ئەلۋەتتە كېيىنكى مەزگىللەردە بۇنىڭ بىلەن چەكلەنمىدى) چۆرىدىگەن كۆپلىگەن مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلدى ۋە نۇرغۇنلىغان قىممەتلىك تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. دۇنيا ھەر جەھەتتىن، بولۇپمۇ ئىلمىي تەتقىقات جەھەتتىن غايەت زور ئۆزگىرىشنى باشتىن كەچۈردى.

لېكىن، مۇستەملىكە ئاستىدا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلاردا بۇ جەھەتلەردە چوڭ ئۆزگىرىش بولغانلىقىدىن ئېغىز ئېچىش قىيىن. مىللەت سۈپىتىدە ئومۇمىي جەھەتتىن مائارىپ، ئىلمىي تەتقىقات ۋە نەشرىياتچىلىق ساھەلىرىدە ئۆزىمىزنىڭ قارار ئېلىش ئەركىمىزنىڭ بولماسلىقى ۋە ئېزىچىل تۈردە بىر يۆنىلىشكە «يېتەكلىنىشىمىز» ئۇيغۇر ئىلىم/بىلىم ئاتموسفېراسىنى «بەلگىلەپ بەرگەن يەر» دە «بەرپا قىلىنغان» ھالەتكە ئېلىپ كەلدى. بولۇپمۇ ۋەتەندە سىياسەت ۋە خەلقئارا مۇناسىۋەت ئىلمىدە ئوقۇغان ياكى بۇ ساھەدە خىزمەت قىلغان ئۇيغۇر ۋە باشقا قېرىنداش تۈركلەرنىڭ يوق دېيەرلىك بولۇشى، شۇنداقلا بۇ ساھەدە نەشر قىلىنغان ئۇيغۇرچە ياكى قازاقچە ئەسەرلەرنىڭ (ئىلمىي ئەسەر بولسۇن ياكى بولمىسۇن)

بارماق بىلەن سانىغۇچىلىكمۇ ئەمەس دەرىجىدە ئاز بولۇشى ھەقىقەتەن دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم مەسىلىدۇر.

بۇ يەنە بىر جەھەتتىن تەبىئىي ھالدا شەرقىي تۈركىستان زىيالىيلىرىنىڭ سىياسەت، خەلقئارا مۇناسىۋەت ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ساھەلەردىكى سەۋىيەسىنىڭ نورمال خەلقئارا سەۋىيەنىڭ بەكلا ئارقىدا قېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. نەتىجىدە دۆلەتلەرئارا مۇناسىۋەتنى بۇ مۇناسىۋەتنىڭ ئۆز ئىلمىي ساھەسى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۆزلىرىنىڭ ساھەسىدە مەسىلەن، تارىخ، پەلسەپە، ئىلاھىيەت ۋە ئەخلاق قاتارلىق ئىلىملەرنىڭ رامكىسى ئىچىدە تەھلىل قىلىدىغان ۋە يەكۈن چىقىرىدىغان ھالەتنى شەكىللەندۈرىدۇ. ماتېماتىكىلىق مەسىلىنى خىمىيە ياكى فىزىكىنىڭ نەزەرىيەسى بىلەن يەشكىلى بولمىغاندەك خەلقئارا مۇناسىۋەت مەسىلىلىرىنىمۇ باشقا ساھەنىڭ نەزەرىيە ۋە ئۇقۇملىرى بىلەن ئىزاھلاش خاتا يەكۈنگە ئېلىپ بارىدۇ. ئەگەر ئۇلار بىلەن ئىزاھلىغىلى بولسا ئىدى خەلقئارا مۇناسىۋەت ئىلمى ئايرىم ساھە بولۇپ شەكىللەنمىگەن بولاتتى، ئەلۋەتتە. شۇڭا خەلقئارا مۇناسىۋەت مەسىلىلىرىگە قارىتا مەزكۇر ئىلىمنىڭ ئۆزىگە تالىق مېتودى، ئانالىز رامكىسى ۋە نەزەرىيەلىرى ئاساسىدا ئانالىز ئېلىپ بېرىش ئىلمىيلىكنىڭ شەرتى ۋە تەقەززاسىدۇر.

دۆلەتلەرئارا مۇناسىۋەتنى چۈشىنىش، تەتقىق قىلىش ۋە ئىزاھلاش ئۈچۈن بىر تۈركۈم ئۇقۇم ۋە نەزەرىيەلەرگە ئېھتىياج تۇغۇلىدۇ. مەن بۇ كىتابتا خەلقئارا مۇناسىۋەت نەزەرىيەسى ھەققىدە توختالدىم ۋە خەلقئارا مۇناسىۋەت ئىلمىدە ئاساسلىق قايسى خىل نەزەرىيەلەر بار ۋە ئۇلار قاچان، قانداق شەكىللەنگەن ۋە بۇ نەزەرىيەلەر دۆلەتلەرئارا مۇناسىۋەتنى چۈشىنىش ئۈچۈن نېمە دەيدۇ ۋە بۇ خىل نەزەرىيەلەرگە قانداق قاراش كېرەك دېگەندەك سوئاللارنىڭ جاۋابىنى بېرىشكە تىرىشتىم. ئۇنداقتا نەزەرىيە دېگەن نېمە؟ ئۇ قۇرۇق گەپمۇ؟ خەلقئارا مۇناسىۋەت نەزەرىيەسىنى بىلىش نېمە ئۈچۈن مۇھىم؟

نەزەرىيەنىڭ نېمە ئىكەنلىكى ۋە نېمە ئۈچۈن مۇھىملىقى ھەققىدە مۇنداق بىر مىسال بېرىشكە بولىدۇ. قەشقەردىن ئۈرۈمچىگە بېرىشنىڭ ئىككى خىل ئۇسۇلى بار: بىرىنچىسى، نورمال يول بىلەن بېرىش (يەنى، قەشقەردىن ئۈرۈمچىگىچە ياسالغان ھەرقانداق بىر يول بىلەن بېرىش)؛ ئىككىنچىسى، نورمال يول بىلەن ماڭماي تاغ - داۋان، دەريا، كۆل ۋە جاڭگاللىقلاردىن ئېشىپ بېرىش. ئىككىنچى خىل ئۇسۇلنى تاللىغاندا ئاز بولسىمۇ يەنىلا ئۈرۈمچىگە بارالاش ئېھتىماللىقى بار، لېكىن كېتىدىغان ۋاقىت كۆپ، تارتىدىغان جاپا ئارتۇق بولۇشى مۇمكىن. شۇنداقلا بۇ ئۇسۇلدا يولدا ئادىشىپ قېلىپ مەنزىلگە بارغىلى بولماسلىقنىڭ، ھەتتا يول بىلمەسلىك سەۋەبىدىن كۈتۈلمىگەن ۋەقەلەرگە يولۇقۇپ ئۆلۈپ كېتىشنىڭ ئېھتىماللىقىمۇ يۇقىرى. بىرىنچى خىل ئۇسۇل بولسا يىللاردىن بېرى ئۈرۈمچىگە بارغانلار ئاللىبۇرۇن سېلىپ / ياساپ قويغان يولدا مېڭىش بولۇپ، بۇ يول بىلەن ماڭغاندا ھەم ئېزىپ قالماي ھەم ئۆلۈپ قالماي ئۈرۈمچىگە بارالاشنىڭ ئېھتىماللىقى يۇقىرى. ئەلۋەتتە بۇ يوللار يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن يېڭىلىنىشى، ئورنىنىڭ يۆتكىلىشى ۋە دەۋرنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن توپىلىق يولدىن ئاسفالت يولغا، تۆمۈر يولغا ھەتتا ھاۋا يولىغا قاراپ تەرەققىي قىلىشى مۇمكىن. لېكىن، نىشان يەنىلا ئۈرۈمچى بولىدۇ. نەزەرىيە دەل مۇشۇ يولدىن ئىبارەت. ئۇ، ئوخشاش ھادىسىلەر ئۈستىدە نەچچە يىل ھەتتا نەچچە يۈز يىل تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق يەكۈنلەپ چىقىرىلغان، بىزنىڭ ئانالىز

ۋە تەتقىقاتىمىزنى ئاسانلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئاددىيلاشتۇرۇلغان پرىنسىپ ۋە قائىدىلەردۇر. يەنى نەزەرىيە گوياكى ئۈرۈمچى ۋە قەشقەر ئوتتۇرىسىدىكى نەچچە يۈز يىللىق ئېھتىياج تۈپەيلىدىن ياسالغان، قولايلاشتۇرۇلغان ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇلغان يولغا ئوخشايدۇ. خۇددى يول بىزنى توغرا مەنزىلگە يېتەكلىگەنگە ئوخشاش، نەزەرىيە بىزنى توغرا ئانالىز رامكىسىغا باشلايدۇ، مۇناسىۋەتسىز ئامىللار ھەققىدە ۋاقىت ئىسراپ قىلىپ، توغرا يۆنىلىشتىن چەتنەپ كېتىشتىن ساقلايدۇ ۋە توغرا نەتىجىگە ئۇلاشتۇرىدۇ. شۇڭا نەزەرىيە ھەرگىزمۇ بىر تالاي چۈشەنگىلى بولمايدىغان قۇرۇق گەپ ۋە جۈملىلەرنىڭ يىغىندىسى ئەمەس، بەلكى نۇرغۇن تەجرىبە ۋە ئەقلىي يەكۈنلەرنىڭ مېغىزى ۋە ئىخچاملىمىسىدۇر.

نەزەرىيەنىڭ مۇھىملىقىنى يەنە مۇنداق ئىپادىلەشكىمۇ بولىدۇ: قەشقەردىن ئۈرۈمچىگە بارىدىغان يولنى بىلمەيدىغان بىر دانىشمەن تاغ - داۋان، چۆل - باياۋانلارنى ئېشىش ئۇسۇلى بىلەن ئۈرۈمچىگە كېلەلمەسلىكى، ئەكسىچە يولنى بىلىدىغان بىر ئوتتۇنچى بوۋاي يول بويلاپ مېڭىپ ئادىشىپ قالماي كېلەلىشى مۇمكىن. بۇ يەردە نەتىجە ئەقىلدىن بەكرەك مەنزىلگە يېتىشتىكى ھالقىلىق ۋاستىنى، يەنى يولنى بىلىش - بىلمەسلىك ۋە ئۇنى ئىشلىتىش تەرىپىدىن بەلگىلىنىدى. نەزەرىيەمۇ بىر جەھەتتىن مانا مۇشۇنىڭغا ئوخشايدۇ، بىراۋ ناھايىتى زېرەك بولۇشى مۇمكىن، لېكىن ئانالىز ئوبيېكتى ھەققىدىكى نەزەرىيەنى بىلمىگەندە توغرا ئانالىز ئېلىپ بارالىشى ناتايىن. يەنە بىرەيلەن نورمال بىرى بولغان تەقدىردىمۇ، مۇنازىرە قىلىنىۋاتقان مەسىلە ھەققىدىكى نەزەرىيەنى بىلگەندە يەنىلا نىسبەتەن توغرا ئانالىز ئېلىپ بارالايدۇ. (ئەلۋەتتە زېرەك ۋە بىلىملىك بولۇش بىلەن بىرگە نەزەرىيەنىمۇ بىلىش ھەممىدىن ئەۋزەلدۇر.)

كۈنىمىزدە ئاساسەن ھەممە پەنلەرنىڭ ئۆزىگە خاس نەزەرىيەسى بار. خەلقئارا مۇناسىۋەت ئىلمىمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس. خەلقئارا مۇناسىۋەت ئىلمى نىسبەتەن يېڭى ئىلىم بولۇپ، ئۇ بۇرۇن تارىخ ۋە سىياسەت ئىلمىنىڭ ئىچىدە تەتقىق قىلىناتتى. بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنلا خەلقئارا مۇناسىۋەتنىڭ يېڭى، مۇستەقىل بىر ئىلىم بولۇشى كېرەكلىكىدىن ئىبارەت بىر زۆرۈرىيەت شەكىللەندى ۋە ئاستا - ئاستا ئۆز ئالدىغا تەتقىقات دائىرىسى ۋە نەزەرىيەلىرى شەكىللىنىشكە باشلىدى. خەلقئارا مۇناسىۋەت ئىلمى بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن دۆلەتلەرئارا تاشقى مۇناسىۋەت تارىختىن بېرى داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان بىر جەرياندۇر. ئەمما بۈگۈنكى دۆلەتلەرئارا مۇناسىۋەتنىڭ قاچان پەيدا بولغانلىقى ھەققىدە ئىلىم ساھەسىدە بىردەك قوبۇل قىلىنغان كۆزقاراش بولسا «ۋېستفالىيە شەرتنامىسى»[1]دىن كېيىن مەيدانغا كەلگەن دۆلەتلەر مۇناسىۋىتىدۇر. چۈنكى، ياۋروپا دۆلەتلىرى بۇ كېلىشىمدىن كېيىن يېپيېڭى تاشقى سىياسەت پرىنسىپلىرىنى تىكلىدى ۋە يېڭى دۇنيا سىستېمىسىنىڭ مەيدانغا كەلگەنلىكىنى جاكارلىدى. مەزكۇر كېلىشىمدىن كېيىن ئىگىلىك ھوقۇقلۇق دۆلەتلەر تاشقى سىياسەتنىڭ ئاساسلىق ئاكتىيورى (قاتناشقۇچى) دەپ قارالدى، شۇنداقلا ئۇلار مەيلى چوڭ - كىچىك

[1] ۋېستفالىيە كېلىشىمى (Peace of Westphalia): ياۋروپا تارىخىدا مەشھۇر بولغان «سەكسەن يىل ئۇرۇشلىرى» (1568 – 1648) ۋە «ئوتتۇز يىل ئۇرۇشلىرى» (1618 – 1648) نىڭ ئاخىرىدا 1648 - يىلى 15 - ماي ۋە 24 - ئۆكتەبىر كۈنلىرى ئىككى قېتىم مۇقەددەس روما گېرمان ئىمپېراتورلۇقى (962 – 1806) بىلەن گېرمان كىنەزلىكلىرى، ئىسپانىيە، فرانسىيە قاراللىقى (987 – 1792)، شۋېتسىيە (1611 – 1721) ۋە گوللاندىيە جۇمھۇرىيەتى (1581 – 1795) لەر ئارىسىدا ئىمزالانغان تىنچلىق كېلىشىمى بولۇپ، تارىخشۇناسلار بۇ كېلىشىمنى مودېرن دەۋرنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى دەپ قارايدۇ.

ياكى كۆچلۈك - ئاجىز بولۇشىدىن قەتئىينەزەر باراۋەر ئورۇندىكى قاتناشقۇچىلار سۈپىتىدە قوبۇل قىلىندى. بۇ دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى بەلگىلەيدىغان ئاساسلىق ئامىل ئۇلۇس - دۆلەت مەنپەئەتى بولغاچقا، بىر دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى ۋە ئۆز تېررىتورىيەسى ئىچىدىكى مۇتلەق ھاكىمىيىتى مۇقەددەس قىلىپ بېكىتىلدى. گەرچە بۇ سىستېما ياۋروپا مەركەزلىك سىستېما بولسىمۇ، لېكىن ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ كۈچىيىشى ۋە سىرتقا قارىتا كېڭەيمىچىلىك ئېلىپ بېرىشى نەتىجىسىدە پۈتۈن دۇنياغا يېيىلدى ۋە قوبۇل قىلىندى. شۇڭا بىز ھازىر ياشاۋاتقان خەلقئارا سىستېما ۋە تاشقى سىياسەت پرىنسىپلىرىنى ۋېستفالىيە سىستېمىسىنىڭ داۋامى دەپ قاراشقا بولىدۇ.

لېكىن، 1648 - يىلىدىن بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىغىچە بولغان ئارىلىقتا دۆلەتلەرئارا مۇناسىۋەت سەنئىتى تېخى ئايرىم بىر پەن بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقمىغان بولۇپ، دىپلوماتىيە ۋە خەلقئارا مۇناسىۋەت سىياسەت ئىلمىنىڭ بىر پارچىسى ئىدى. تۇسىدىدېس (Thucydides، مىلادىيەدىن بۇرۇنقى V ئەسىر)، نىككولو ماكىئاۋېللى (Niccolò Machiavelli، 1469 – 1527)، توماس ھوبىس (Thomas Hobbes، 1588 – 1679)، جون لوك (John Locke، 1632 – 1704)، ژان ژاك رۇسسو (Jean-Jacques Rousseau، 1712 – 1778) قاتارلىق سىياسەت پەلسەپەچىلىرىنىڭ پەلسەپەۋى كۆزقاراشلىرى دۆلەتلەرئارا مۇناسىۋەتنى ئانالىز رامكىلىرى بىلەن تەمىنلەيتتى. لېكىن بۇ، تارىخ، سىياسەت، قانۇن ۋە دىپلوماتىيەنىڭ بىرلىشىشىدىن شەكىللەنگەن ئانالىز رامكىسى ئىدى.

بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ بارلىققا كېلىشى، تەرەققىياتى ۋە ئېلىپ كەلگەن تەسىرلىرىنى چۈشەندۈرۈش ۋە ئانالىز قىلىش مەسىلىسىدە، شۇ ۋاقىتقا قەدەر بۇ خىل تەتقىقاتنى زىممىسىگە ئېلىپ كېلىۋاتقان خەلقئارا قانۇن، سىياسەت تارىخى ۋە سىياسەت پەلسەپەسى قاتارلىق ساھەلەر ئاجىز كېلىپ قالغانلىقى ئاشكارا ھەققەتكە ئايلاندى. سىياسەتچىلەر ۋە دىپلوماتلارنىڭ رېئال دۇنياغا ئېلىپ كەلگەن سىياسەتلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان ۋە بۇنى كۆزىتىپ كېلىۋاتقان سىياسەت ۋە تارىخ ساھەسىدىكى ئاكادېمىكلار بۇنى ھېس قىلىپ يەتتى ۋە خەلقئارا مۇناسىۋەتنى مۇستەقىل ئىلىم قىلىپ ئوتتۇرىغا ئېلىپ چىقىش ئارقىلىق بۇ ئىلىمنىڭ تۇنجى ئاساس سالغۇچىلىرىغا ئايلاندى. بۇ ساھەدىكى تۇنجى ئاكادېمىك بۆلۈم 1919 - يىلى ئەنگلىيەنىڭ ۋېلس ئۇنىۋېرسىتېتى¬(University of Walse) شۆبىسىدە پرافېسسور دېۋىد دېۋىس (David Davies، 1880 – 1944) تەرىپىدىن قۇرۇلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئەنگلىيە لوندون ئىقتىساد ئىنستىتۇتىدىمۇ خەلقئارا مۇناسىۋەت بۆلۈمى قۇرۇلدى. ئارقىدىنلا 1924 - يىلى ئامېرىكانىڭ لوس ئانجېلېس ئۇنىۋېرسىتېتىدا يەنە بىر بۆلۈم قۇرۇلدى. كېيىنكى يىللاردا ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكادا يەنە بىر قانچە بۆلۈملەر قۇرۇلدى. شۇڭا خەلقئارا مۇناسىۋەت ئىلمى بەزىلەر تەرىپىدىن ئانگلو - ساكسون ئىلمى دەپ قارىلىدۇ ۋە بۇ سەۋەبتىن بۇ ئىلىمنىڭ تىلى ئىنگلىز تىلىدۇر.

بۇ ساھە مۇستەقىل بىر ئىلىم بولۇپ شەكىللەنگەندىن كېيىن تارىخ، پەلسەپە (ئادەتتە سىياسەت پەلسەپەسى)، قانۇن ۋە ئىقتىساد قاتارلىق ساھەلەردىن نۇرغۇنلىغان نەرسىلەرنى ئېلىش بىلەن بىرگە يەنە ئىجتىمائىي پەنلەر نەزەرىيەسىدىنمۇ (theories of social science) نۇرغۇن مېتودلارنى ئالدى ۋە ئۇلارنى خەلقئارا مۇناسىۋەت ئىلمىنىڭ ئۆز خاراكتېرىگە ئاساسەن تەرەققىي قىلدۇردى. خەلقئارا مۇناسىۋەت ئىلمى ئايرىم بىر

## خەلقئارا مۇناسىۋەت ئىلمىنىڭ تەتقىقات نىشانى نېمە؟

ئاكادېمىك ساھە بولۇپ شەكىللەنگەندىن كېيىن «ئۇرۇشنىڭ سەۋەبى نېمە؟ قانداق قىلغاندا دۇنيادا تىنچلىقنى ئورناتقىلى بولىدۇ؟» دېگەن سوئالغا ئىلمىي ۋە ئاكادېمىك يوسۇندا جاۋاب تېپىپ چىقىشنى ئۆزىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى ۋە تەتقىقات دائىرىسى قىلىپ بېكىتتى. بۇ ساھە گەرچە ئاساسلىق ئۇرۇش ۋە تىنچلىق تېمىسىغا مەركەزلەشكەن بولسىمۇ، كېيىنچە تەرەققىي قىلىپ بىخەتەرلىك، دۇنياۋى ياكى دۆلەت ھالقىغان ئادالەت، باراۋەرلىك قاتارلىق مۇرەككەپ، كۆپ تەرەپلىمىلىك تەتقىقات تېمىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئاكادېمىك ساھەگە ئايلاندى. تەتقىقات ئۇسۇلى جەھەتتىنمۇ ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب يارىتىلدى. ئىلمىي سەۋىيەدىكى خەلقئارا مۇناسىۋەت تەتقىقاتى پەقەت ۋەقە، سىستېما، خەلقئارالىق ۋە يەرلىك ئورگانلارنىڭ ھەرىكەت قىلىش ئۇسۇللىرىنى تەسۋىرلەش (description) بىلەنلا چەكلىنىپ قالمىدى ۋە يۇقىرىقىلارنى چۈشەندۈرۈش (explain)، بايان قىلىش (interpret) ۋە ئانالىز (analyses) قىلىش بۇ ساھەنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىسى قىلىپ بېكىتىلدى.

بۇ ساھەنى ئىلمىي نۇقتىدىن چۈشىنىش ۋە تەتقىق قىلىش ئۈچۈن ئۇرۇش، تىنچلىق، ھەمكارلىق، ھۆكۈمەتسىزلىك (ئانارخىيە/anarchy)، تەرتىپ، كۈچ، مەنپەئەت، ئادالەت ۋە تىنچلىق قاتارلىق ئۇقۇملارنىڭ كۆپ قاتلاملىق مەنىلىرىنى چۈشىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن پۈتۈن بىر ۋەقەنى ئەتراپلىق ۋە توغرا ئانالىز قىلىش ئۈچۈن يۇقىرىقى ئۇقۇملارنى بىلىشلا كۇپايە قىلمايدۇ. بۇنىڭدىن سىرت، تېخىمۇ مۇھىم بولغىنى خەلقئارا مۇناسىۋەتلەر نەزەرىيەسىنى بىلىش ۋە نەزەرىيەنى يۇقىرىقى ئۇقۇملار بىلەن بىرلەشتۈرۈش لازىم. شۇنداق بولغاندىلا مەلۇم مەسىلە ھەققىدە ئەتراپلىق، قايىل قىلارلىق ۋە ئىلمىي ئانالىز ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. خەلقئارا مۇناسىۋەت نەزەرىيەسى ۋە ئانالىز قىلىش ئۇسۇلىنى بىلمەي تۇرۇپ، دۆلەتلەرئارا مۇناسىۋەتنى ئانالىز قىلىشنى بەئەينى يولنى بىلمەي يولغا چىققانلىق ۋە قورال ئالماي جەڭگە كىرگەنلىك بىلەن ئوخشاش دەپ قارىساق بولىدۇ. شۇنى بىلىش كېرەككى، تەتقىقات ۋە ئانالىز قانچىلىك دەرىجىدە نەزەرىيەلەر رامكىسى ئىچىدە ئېلىپ بېرىلسا، دۇنيانىڭ ھازىرقى ۋەزىيىتى ۋە كەلگۈسى تەرەققىياتى ھەققىدە شۇنچىلىك دەرىجىدە توغرا (ياكى رېئاللىققا يېقىن) ئانالىز ۋە ھۆكۈمگە ئىگە بولغىلى بولىدۇ.

## نەزەرىيە قۇرۇق گەپمۇ؟

نەزەرىيەنىڭ ئۆزى ئىلمىي ۋە ئەقلىي تەتقىقاتنىڭ مەھسۇلاتى بولۇش سۈپىتى بىلەن دائىم رېئاللىق ۋە ئەمەلىي ھەرىكەت بىلەن سېلىشتۇرۇلىدۇ، ھەتتا بەزىدە «بۇ نەزەرىيە جەھەتتىن توغرا بولغان بىلەن ئەمەلىيەتتە ئىشقا يارىمايدۇ» دېگەن گەپلەرنى ئاڭلاپ تۇرىمىز. بۇ قاراش ناتوغرا قاراشتۇر. ئەگەر بىر «نەزەرىيە» ئىشقا يارىمىغان ياكى ئەمەلىيەتكە ماس كەلمىگەن بولسا، بۇ «نەزەرىيە» نەزەرىيە بولۇش دەرىجىسىگە تېخى يەتمىگەن، شۇڭلاشقا قايتىدىن تەتقىق قىلىنىپ، نەزەرىيە دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈش لازىم. چۈنكى، نەزەرىيە ئەمەلىيەتتىن كەلگەن ۋە ھېس قىلىنغان تەجرىبەلەرنى سىستېمىلىق ئەقلىي تەپەككۇر قىلىش ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىقىرىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ ئەمەلىيەت بىلەن ناھايىتى يېقىن مۇناسىۋەتكە ئىگە. چۈنكى، نەزەرىيەنىڭ ئاساسى ئەمەلىيەتتۇر. لېكىن شۇ مەسىلىمۇ ئېنىق بولۇشى لازىمكى، ھېچقانداق نەزەرىيە مۇكەممەل بولمايدۇ، ھېچقانداق نەزەرىيە ئۆزگەرمەس بولمايدۇ، شۇنداقلا ھېچقانداق بىر نەزەرىيە بىر مەسىلىنىڭ ھەممە

تەرىپىنى يورۇتۇپ بېرەلمەيدۇ.

نەزەرىيەنىڭ مۇكەممەل بولماسلىقى نەزەرىيەنىڭ ھەم يېڭىلىنىشى ھەم ئاغدۇرۇلۇشىنى كۆرسىتىدۇ. لېكىن، نەزەرىيە ئاغدۇرۇلۇشتىن بۇرۇن يەنىلا ناھايىتى كۆپ ئىجابىي رول ئوينايدۇ. مەسىلەن، يەر مەركەز تەلىماتى، قۇياش مەركەز تەلىماتى قاتارلىقلار توغرا تەلىمات بولۇشتىن قالغان بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن كېيىنكى تەلىماتلار ئوتتۇرىغا چىقىشتىن بۇرۇن يەنىلا شۇ زامان ۋە ماكان ئىچىدە ئىنسانلارنىڭ كائىنات ھەققىدىكى ئىزدىنىش تەتقىقات ئېھتىياجلىرىنى قاندۇردى، شۇنداقلا كېيىنكى سامانيولى سىستېمىسى ۋە كەڭ كائىناتنىڭ بايقىلىشىدا سەكرەش تاختىسىلىق رولىنى ئوينىدى. خەلقئارا مۇناسىۋەت نەزەرىيەلىرىنىمۇ (ئەمەلىيەتتە بارلىق ئىلىملەرنى) بۇنىڭغا ئوخشاش دەپ قاراشقا بولىدۇ. خەلقئارا مۇناسىۋەت نەزەرىيەسىدىكى بىر ھۆكۈم \ ھىپوتېز (hypothesis) باشتا توغرا دەپ قوبۇل قىلىنىشى مۇمكىن. ئەمما ئوتتۇرىغا قويغۇچىنىڭ يېتەرسىزلىكى ياكى جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ئۇ نەزەرىيە يا ئاغدۇرىلىدۇ ياكى تەرەققىي قىلدۇرىلىدۇ. ئەمما نەزەرىيەنىڭ ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشى ياكى يېڭى نەزەرىيەنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىدا مەنبە خاراكتېرلىك رول ئوينايدۇ. مەسىلەن، كلاسسىك رېئالىزم (Classic Realism) دىكى «دۆلەتلەرئارا مۇناسىۋەتلەرنى ئىنسانىنىڭ تەبىئىتى نۇقتىسىدىن چىقىپ تەھلىل قىلىش» ئۇسۇلى ئىلمىي بىر نەتىجە بەرمەيدىغانلىقى ئىسپاتلىنىپ چىققان بولسىمۇ، كلاسسىك رېئالىزمنىڭ كېيىنكى نېئو-رېئالىزم (/Neorealism قۇرۇلمىلىق رېئالىزم ياكى ستروكتۇرال رېئالىزم) ۋە لىبېرالىزم (Liberalizm) قاتارلىق باشقا نەزەرىيەلەرنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىدىكى غايەت زور رولىنى ھېچكىم ئىنكار قىلالمايدۇ. بۇ خۇددى نېمىس پەيلاسوپ ۋە تارىخچى ھېگېل (Friedrich Hegel، 1770 – 1831) ئوتتۇرىغا قويغان توغرا ھۆكۈمنىڭ «ھۆكۈم - قارشى ھۆكۈم - بىرلەشمە ھۆكۈم (-thesis-antithesis synthesis)» فورمۇلاسى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىدىغانلىقى بىلەن ئوخشاشتۇر ياكى يېقىنقى زاماندىكى ئەنگلىيەلىك پەيلاسوپ كارل پوپپېر (Karl Popper، 1902 – 1994) ئوتتۇرىغا قويغان ئىلىم ۋە نەزەرىيە ۋاقتى كەلگەندە «ئىنكار قىلغىلى بولىدىغان (falsifiable)» بولۇشى لازىم دېگەن قاراش بىلەن بىردەكلىككە ئىگە.

يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا، نەزەرىيە بىزگە مەلۇم مەسىلە ھەققىدە نۇرغۇنلىغان توغرا تەپەككۇر يوللىرى ۋە ئانالىز خەرىتىسى ھازىرلاپ بېرىدۇ. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا نەزەرىيە بىزگە مەسىلە ئانالىزىدا نېمىنىڭ مۇھىم ئىكەنلىكىنى ۋە قايسى يول بىلەن تەپەككۇر قىلىش كېرەكلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىش ئارقىلىق بىزنى مەسىلىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى تەتقىق قىلىشقا يېتەكلەيدۇ، شۇنداقلا نىشاندىن ئادىشىپ كېتىش ۋە ۋاقىت ئىسراپى بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

يەنە بىر تەرەپتىن بولسا يۇقىرىدا دېيىلگەندەك، نەزەرىيە مۇكەممەل بولمايدۇ ۋە ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن تېخىمۇ مۇكەممەل بولغان نەزەرىيە بۇرۇنقىسىنىڭ ئورنىغا دەسسەيدۇ. خەلقئارا مۇناسىۋەتلەر نەزەرىيەسىنىڭ تەرەققىياتى ۋە ھازىرقى ھالىتىمۇ بۇ ئىلىمنىڭ مۇشۇ قائىدە بويىچە ماڭغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەرمەكتە. ئۇنداقتا مۇنداق بىر سوئال تۇغۇلۇشى مۇمكىن: ئەگەر خەلقئارا مۇناسىۋەت نەزەرىيەسى ئاددىيلىقتىن مۇكەممەللىككە قاراپ تەرەققىي قىلغان بولسا ئۇنداقتا بۇرۇنقى نەزەرىيەلەرنى (مەسىلەن،

كارىر ۋە مورگېنتاۋلارنىڭ نەزەرىيەلىرىنى) ئۆگەنمىسەكمۇ بولامدۇ؟ ئەلۋەتتە ئۆگەنمىسەك بولمايدۇ. چۈنكى، خەلقئارا مۇناسىۋەت نەزەرىيەلىرى تەرەققىيات جەريانىدا نېمىلەر مۇنازىرە قىلىندى، كىمنىڭ قايسى نەزەرىيەسى نېمە ئۈچۈن ئىنكار قىلىندى ۋە يېڭى نەزەرىيە نېمە سەۋەبتىن كونا نەزەرىيەنىڭ ئورنىنى ئالدى ۋە قانچىلىك ئالدى؟ دېگەندەك مەسىلىلەرنى بىلىش كېرەك. يەنە بىر جەھەتتىن خەلقئارا مۇناسىۋەت نەزەرىيەلىرى بۇرۇنقى نەزەرىيەلەرنى مەسىلەن، كلاسسىك رېئالىزمنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىپ ئورنىغا يېڭىسىنى دەسسىتىدىغان يەرگە كەلمىدى، شۇنداقلا بۇ مۇمكىن ئەمەس. پەقەت كلاسسىك رېئالىزم ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش باشقا بۇرۇنقى نەزەرىيەلەرنىڭ ئىچىدىكى بەزى ھۆكۈملەر قايتىدىن چۈشەندۈرۈلمەكتە ۋە توغرىلانماقتا. شۇڭا بۇ كىتاب مەزمۇن جەھەتتىن بۇرۇنقى كۆزقاراش ۋە نەزەرىيەلەردىن ھازىرغىچە داۋاملىشىۋاتقانلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشقا تىرىشتى. ئەگەر ئوقۇرمەن 1930 - يىللاردىن باشلاپ ھازىرغىچە خەلقئارا مۇناسىۋەت نەزەرىيەسىدە نېمىلەرنىڭ دېيىلگەنلىكىنى ۋە تەرەققىي قىلىپ قايسى باسقۇچقا كەلگەنلىكىنى ھېس قىلالىسا، شۇنداقلا دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مەسىلىلەرنى بۇ نەزەرىيەلەر ئاساسىدا چۈشىنىشكە تىرىشسا بۇ كىتابنىڭ مۇرادى ھاسىل بولىدۇ.

ئاخىرىدا بۇ كىتابنىڭ ئوقۇرمەنلىرى بىلەن مۇنداق بىر نۇقتىنى ئورتاقلىشىشنى توغرا تاپتىم. ئۇزۇن يىللىق قارامىلىقتا ياشاپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تاشقى سىياسەت قىلىش پۇرسىتى ھەقىقەتەن كۆپ بولمىدى، شۇڭا خەلقىمىز بۇ ساھەدىن نىسبەتەن خەۋەرسىز بولۇشى مۇمكىن، بولۇپمۇ مەزكۇر ساھەگە ئالاقىدار ئۇيغۇرچە ئەسەرلەر تولىمۇ ئاز، نەزەرىيە خاراكتېرلىكلىرى يوق دېيەرلىك. شۇڭا پېقىر بۇ ساھەدە مەلۇم بوشلۇق ۋە ئېھتىياج بار دەپ قاراپ مەزكۇر كىتابنى يېزىپ چىقىشقا جۈرئەت قىلىپ قالدىم. شۇنى تەكىتلەپ ئۆتۈش كېرەككى، قولىڭىزدىكى كىتاب نوقۇل مېنىڭلا ئەمگىكىم ئەمەس، چۈنكى نەزەرىيە تۈرىدە كىتاب يېزىش بىرلا كىشىنىڭ پىكرى بىلەن تاماملانمايدۇ. بۇ كىتابتا سۆزلىنىدىغان بىلىملەر ئاز بولغاندا بىر نەچچە يۈز پەيلاسوپ ۋە ئالىمنىڭ نەزەرىيەلىرىنىڭ جەۋھىرىدۇر. مەن خەلقئارا مۇناسىۋەت ئىلمى ھەققىدە ئوقۇغانلىرىم ۋە ئۆگەنگەنلىرىم ئاساسىدا، ساھەگە ئالاقىدار ئوقۇتقۇچىلىرىم تەۋسىيە قىلغان غوللۇق كىتابلارنىڭ مۇناسىۋەتلىك قىسىملىرىنى ئۆزلەشتۈرۈپ، ئۇيغۇرچە خەلقئارا مۇناسىۋەت ئىلمى نەزەرىيە كىتابى ھازىرلاشقا تىرىشتىم. بۇ ھەقتە دۇنيا تىللىرىدا يېزىلغان ۋە تۈزۈلۈشى بىر - بىرىدىن پەرقلىق يۈزلەرچە كىتاب بار. بەزىلىرى ھەم نەزەرىيە ھەم ئاساسىي ئۇقۇم ۋە خەلقئارالىق ئورگانلارنى چۈشەندۈرۈپ ماڭغان بولسا، بەزىلىرى دەرسلىك كىتاب شەكلىدە نەزەرىيە بىلەن تارىخ ۋە كۈندىلىك قىزىق نۇقتىلارنىمۇ تەڭ چۈشەندۈرۈپ ماڭغان. مەن بۇ كىتابتا نەزەرىيەنىڭ ئۆزىنىلا تاللىدىم ۋە ئۇقۇملارنى كىرگۈزمىدىم. مەسىلەن، بۇ كىتابتىن ئۇرۇش دېگەن نېمە؟ ئادالەت دېگەنچۇ؟ ب د ت قانداق ئورگان؟ دېگەندەك سوئاللارنىڭ جاۋابىنى تاپالمايسىز. ئوقۇۋاتقان ۋاقتىڭىزدا كىتابتا ئىزاھلانمىغان يېڭى ئاتالغۇ ۋە ئۇقۇملارنى ئۇچرىتىشىڭىز مۇمكىن. بۇنداق ئەھۋالدا بۇ ئاتالغۇنى مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللاردىن كۆرۈۋېلىشىڭىز تەۋسىيە قىلىنىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا كىتابتا ھازىر يېڭى نەزەرىيە بولۇپ شەكىللىنىۋاتقان «يېشىل سىياسەت (Green Politics)» يوق. بۇ بەلكىم مۇشۇ كىتابنىڭ بىر كەمچىلىكى بولۇشى مۇمكىن. بۇ تېمىغا قىزىققۇچىلار ھازىرچە قۇربىنىڭ يېتىشىچە

باشقا تىلدىكى كىتابلاردىن پايدىلانسا بولىدۇ.

كىتابتا يەنە خەلقئارا مۇناسىۋەتتىكى ئاتالغۇلارنىڭ بەزىلىرى تەرجىمە قىلىنماي ئىنگلىزچە ئاتىلىشى بىلەنلا ئېلىنىپ، زوٚروٛر دەپ قارالغانلىرىغا توٛنجى ئۇچرىغان يەردە ھاشىيەدە \ دىپنوتتا قىسقىچە ئىزاھ بېرىش بىلەن كوٛپايىلىنىلدى. چوٛنكى، ھەممە ئاتالغۇنىڭ ھەممە تىلدا تەرجىمىسى بولوٛشى ناتايىن، ئەگەر زورلاپ تەرجىمە قىلىنغاندا باشقا مەناسى چىقىپ قېلىشى موٛمكىن. يەنە بىر سەۋەب بولسا خەلقئارا مۇناسىۋەت نەزەرىيەسىدىكى ئەڭ نوپۇزلۇق ئەسەرلەر ئىنگلىز تىلىدا بولغانلىقى ئوٛچوٛن ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئۇقۇملارنى سېلىشتۇرۇشتا قايمۇقۇپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كوٛزدە توٛتۇلدى. بۇنىڭدىن باشقا ئاكادېمىك ساھەدىكى بەزى ئۇقۇملارنى ئۇيغۇر تىلىغا ئەكىرىشمۇ تىل بايلىقىمىزنى ئاشۇرۇشىمىزغا توٛرتكە بولغۇسى. چوٛنكى، ئىلىم - پەن ساھەسىدە نۇرغۇن ئاتالغۇلار شۇ ئاتالغۇ ئىجاد قىلىنغان تىلدىن بىۋاستە باشقا تىللارغا كىرگەن مىساللار ناھايىتى كوٚپ. بۇ سەۋەبلەر كوٚزدە توٛتۇلۇپ ئاتالغۇلار زورلاپ ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنمىدى. بەزى كەسپىي ئاتالغۇلار بولسا كىتاب ئىچىدە قايتا - قايتا تىلغا ئېلىنىپلا قالماي، ئايرىم تېمىلارمۇ ئاجرىتىلغان بولۇپ، بىر پوٛتوٛنلوٛك ئىچىدە ئاددىي ئىزاھتىن خېلىلا كەڭ دائىرىدە ئۇچۇرلار تەمىنلەنىدى دېگەن قانائەت بىلەن ئاتايىن ئىزاھلانمىدى. شۇنداقلا كىتابتىكى ھەربىر بابنىڭ ئاخىرىغا شۇ بابتىكى مەزمۇنغا قىزىققۇچىلارنىڭ پايدىلىنىشى ئوٛچوٛن تېمىغا ئالاقىدار مۇھىم ئەسەرلەرنىڭ تىزىملىكى بېرىلدى.

نۇقسانسىز ئادەم ۋە قۇسۇرسىز نەزەرىيە بولمىغاندەك، بۇ كىتابمۇ كەمچىلىكلەردىن خالىي ئەمەس، ئەلبەتتە. ئۇقۇم ۋە نەزەرىيەلەرنى چوٛشىنىش، چوٛشەندوٛروٛش ۋە ساھەگە ئالاقىدار مەزمۇنلارنى ئىشلەش جەريانىدا خاتالىقلار سادىر بولغان، يېتەرسىزلىكلەر كوٚروٛلگەن بولۇشى مۇمكىن، ئەگەر بار بولسا كەسىپداشلار، تەتقىقاتچىلار ۋە قىزىققۇچىلارنىڭ تەكلىپ - پىكىر بېرىشىنى قىزغىن قارشى ئالىمەن. يەنە بىر نۇقتا شۇكى، بۇ كىتاب ھەرگىزمۇ خەلقئارا مۇناسىۋەت نەزەرىيەسى ساھەسىدىكى ھەممىنى ئوٚز ئىچىگە ئالىدىغان كىتاب ئەمەس، يۇقىرىدا سوٚزلەنگەندەك كىتابنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە مەزمۇنىنى مەن ئوٚزوٛم بەلگىلىدىم. ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە باشقا قۇرۇلمىدىكى، باشقا مەنبە ۋە كوٚزقاراشلارنى ئاساس قىلغان خەلقئارا مۇناسىۋەت نەزەرىيەسى كىتابلىرىمۇ لازىم. چوٛنكى، بۇ بىر كىتاب ھەرگىزمۇ يېتەرلىك ئەمەس. شۇڭا زىيالىيلىرىمىزنىڭ بۇ ساھەدە يەنە باشقا كىتابلارنى تەقدىم قىلىشى زوٚروٛردۇر.

مەۋلان تەڭرىقۇت

2024 - يىلى 9 - ئاي (ئەنگلىيە)